# شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى

**East Turkistan Government-in-Exile**


**2019. يىلى 11. ئاينىڭ 25. كۈنى - كانادا**

## شەرقىي تۈركىستان تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر ھەققىدە بايانات

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىۋاتقان بارلىق دۆلەتلەر، دىققىتىڭلارغا شۇنى سۇنىمىز:

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرى دۇنيا مىقياسىدا ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى مۇنبەرلىرىدە كۈنتەرتىپكە كېلىۋاتىدۇ، خىتاي دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈستىدىن، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىجرا قىلىۋاتقان سىستېمىلىق يوقىتىش جىنايەتلىرىنىڭ ئىسپاتلىرى پۈتۈن دۇنياغا ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋە دىكتاتورلىرىنىڭ يۈزى تۆكۈلۈۋاتىدۇ ۋە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشەنچىنى يوقىتىۋاتىدۇ، مانا مۇشۇنداق بىر پەيتتە، ھەرقايسى دۆلەتلەردە پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىرتۈركۈم شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە بىر تۈركۈم يەككە پائالىيەت قىلغۇچى ئاكتىپ شەرقىي تۈركىستانچى شەخسلەرنىڭ، ئۆز ئالدىغا تەيۋەندىكى گومىنداڭ پارتىيىسى خادىملىرى بىلەن، شۇنىڭدەك ھەرقايسى ئەللەردىكى ئاتالمىش دېموكراتىك خىتاي تەشكىلاتى ۋە پائالىيەتچىلىرى بىلەن « خىتايدا كوممۇنىزم ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى جۇڭگو ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش » توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەنلىكى ئاشكارىلانماقتا.

شۇنىڭدەك سۈرگۈندىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنى « سالاھىيەتلىك ھۆكۈمەت » - دەپ ئاتىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ، بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئەربابلىرى بىلەن ۋەتەن - مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە، مىللى مەنپەئەتىمىزگە زىيانلىق شەكىلدە سۆزلىشىپ، خەلقىمىزگە باشقىچە چۈشەندۈرۈپ ئالدىغانلىقىمۇ ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

بىز شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى شۇنى جاكارلايمىزكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھاياتتا قېلىشى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى قۇتقۇزۇپ، ئۆزئۆل - كېسىل مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەنلا كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق مەمۇرى تۈزۈم ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت، كېلىشىم ۋە توختاملار ئىناۋەتسىزدۇر ۋە بۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قىلىنغان ئىشلار مىللى ئىرادىگە قىلىنغان خىيانەتتۇر.

ھۆرمەت بىلەن:
شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتى رەئىس ئىشخانىسى


1325 G Street NW, Suite 500
Washington, DC USA
www.East-Turkistan.Net | +1 (202) 489-0741 | Contact@East-Turkistan.Net